السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئى ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە! مەنسەپنى تىلەپ قولغا كەلتۈرمىگىن، ئەگەر ئۇنى تىلەپ قولغا كەلتۈرىدىغان بولساڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ كېتىسەن-دە، ئاللاھ ساڭا ياردەم بەرمەيدۇ

ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئى ئابدۇرراھمان! مەنسەپنى تىلەپ قولغا كەلتۈرمىگىن، ئەگەر ئۇنى تىلەپ قولغا كەلتۈرىدىغان بولساڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ كېتىسەن دە، ئاللاھ ساڭا ياردەم بەرمەيدۇ. ئەگەر سەن سورىماستىن ساڭا بېرىلسە، ئاللاھ تائالاھ ساڭا ياردەم. ئەگەر بىر نەرسىگە قەسەم ئىچسەڭ، ئۇنىڭدىن غەيرىدە ياخشىلىق بولسا، قەسىمىڭگە كاپپارەت بىرىپ، ياخشىلىق بار ئىشنى قىلغىن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەنسەپنى سوراپ ئېلىشتىن توسقان، چۈنكى ئۇنى سوراپ ئالغان كىشى دۇنياغا ھېرىسمەنلىكىدىن ۋە دۇنيانى ئاخرەتتىن ئەلا بىلگەنلىكتىن ياردەمسىز تاشلىنىدۇ، خورلىنىدۇ. ئەمما مەنسەپنى سورىماستىن ئۇ كىشىگە بېرىلسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بىر ئىشقا قەسەم قىلىش ياخشىلىقتىن توساپ قالماسلىقى كېرەك، قەسەم قىلغان كىشى ياخشىلىقنى قەسەمنى بۇزۇۋشتا كۆرسە ئۇنى بۇزۇپ كەپپارەت بېرىپ ياخشى ئىشنى قىلىشى كېرەك

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3004

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee